# 33798 - ئىھرامغا كىرىش بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئىھرامغا كىرمەي ئۆتۈپ كەتكەن كىشى توغرىسىدا

## سوئال

ھەجنى مەقسەت قىلىپ بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئىھرامغا كىرمەي كەلگەن كىشىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھەج ياكى ئۆمرىنى مەقسەت قىلغان كىشى ئىھرام كىيىش بەلگىلەنگەن ئورۇنغا كەلگەندە، ئۇ جايدىن ئىھرامغا كىرىپ مېڭىشى زۆرۈر بولىدۇ. ئەگەر ئىھرام كىيمەي ئۆتۈپ كەتسە، قايتىپ كېلىپ بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئىھرام كىيىشى زۆرۈر بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئىھرام كىيىش بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئۆتۈپ كېتىپ ئىھرام كىيگەن بولسا، ئۆلىمالارنىڭ مەشھۇر قارىشىدا ئۇ كىشىگە بىر قوي جازا كېلىدۇ، ئۇنى مەككىدە زەبھە قىلىپ كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ھەج ياكى ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ ئىھرام كىيىش بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئىھرام كىيمەي ئۆتۈپ كەتكەن كىشى، كەينىگە قايتىپ ئىھرام كىيىش بەلگىلەنگەن ئورۇنغا كېلىپ ئىھرام كىيىپ مېڭىشى زۆرۈر بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئىھرام كىيىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: **«مەدىنە ئەھلى زۇلھۇلەيپىدىن، شام ئەھلى جۇھپىدىن، نەجدى ئەھلى قەرنى مەنازىلدىن، يەمەن ئەھلى يەلەملەمدىن ئىھرام كىيىدۇ»**.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەج-ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ كەلگەن كىشى قايسى ئورۇندىن ئۆتسە شۇ ئورۇندىن ئىھرام كىيىدۇ، مەدىنە تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر زۇل ھۇلەيپىدە ئىھرام كىيىدۇ، شام ياكى مىسىر ياكى ماراكەش تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر ھازىرقى رابىغقا تەۋە بولغان جۇھپىدە ئىھرام كىيىدۇ، يەمەن تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر يەلەملەمدە ئىھرام كىيىدۇ، نەجدە ياكى تائىپ تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر ھازىر"سەيل"دەپ ئاتىلىدىغان قەرنى مەنازىلدە ئىھرام كىيىدۇ، بەزى كىشىلەر بۇ جاينى "ۋادى مۇھەررەم"دەپ ئاتايدۇ، مۇشۇ جايلاردىن ھەجگە ياكى ئۆمرىگە ياكى ھەر ئىككىلىسىنى مەقسەت قىلىپ ئىھرام كىيىدۇ.... " [ئىسلام پەتۋالىرى"2-توم 201-بەت].

شەيخ ئىبنى جىبرىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: “ئېھرام كىيىش بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئېھرام كىيمەي ئۆتۈپ كەتكەن كىشىگە بىر قوي جازا كېلىدۇ”. [“ئىسلام پەتىۋالىرى”ناملىق ئەسەر 2-توم 198-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.